# يېشىل ياسىمچىلىق جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان تېخنىكا ــ تەركىبىدە خلور بار قالدۇق گازنى ئېلېكترولىزلاپ سۈمۈرۈۋېلىش ئاپتوماتىك تىزگىنلەش مەشغۇلاتى DCS سىستېمىسىنىڭ ياردىمىدە مەشغۇلات رايونىنىڭ ھاۋا مۇھىتى ساپلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، لىتىي مېتالى داشقاللىرىنى 100% بىخەتەر ئايلاندۇرۇپ يىغىۋېلىپ قايتا پايدىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى».

ئاسىيا ـ ياۋروپا ئاز ئۇچرايدىغان مېتال پاي چەكلىك شىركىتى مەملىكەت بويىچە 4 ـ تۈركۈمدىكى يېشىل زاۋۇت بولۇپ، بۇلتۇر لىتىي مېتالى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش تۈرىنىڭ 2 ـ قارارلىق 2 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى پۈتتۈنلەي تاماملىنىپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1200 تونىنغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇردى. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىركەت 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، لىتىي مېتالى مەھسۇلاتلىرى كەسىپ زەنجىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتىپ، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرماقچى بولدى.

بۇلتۇر، دۆلەت 5 ـ تۈركۈمدىكى يېشىل ياسىمچىلىق تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭدىكى 15 كارخانا، ئىككى باغچە رايونى، بىر تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇش كارخانىسى، 15 لايىھە مەھسۇلاتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تىزىملىككە كىردى. ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭدا جەمئىي ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېشىل زاۋۇتتىن 120سى(دۆلەت دەرىجىلىكتىن 57نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يېشىل باغچە رايونىدىن سەككىزى(دۆلەت دەرىجىلىكتىن ئالتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يېشىل تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇش كارخانىسىدىن يەتتىسى(دۆلەت دەرىجىلىكتىن بەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاپتونوم رايون بويىچە يېشىل مەھسۇلاتتىن 29 خىلى(دۆلەت دەرىجىلىكتىن 28نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئايلانما ئىقتىسادنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئورنىدىن 21ى بەرپا قىلىنغان. يېشىل ياسىمچىلىق بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئورنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، بىر تۈركۈم يېشىل ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، يىلىغا 1 مىليون 330 مىڭ 400 تونىنا ئۆلچەملىك كۆمۈرنى تېجەش، يىلىغا 105 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجەش ياكى كېرەكسىز سۇدىن قايتا پايدىلىنىش، 21 مىليون 321 مىڭ 800 تونىنا قاتتىق تاشلاندۇقتىن پايدىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون ئېنېرگىيە ئۈنۈمى، سۇ ئۈنۈمى بويىچە «باشلامچى» بولۇش ئۆلچەم خادىسىنى تىكلەپ، ئېنېرگىيە تېجەشنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىش، ئېنېرگىيە تېجەشكە دىياگنوز قويۇش، ئېنېرگىيە ئۈنۈمىنى ئۆلچەمگە توغرىلاش، ئېنېرگىيە ئىستېمالىنى نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت «تۆت چاق بىلەن قوزغىتىش» ئارقىلىق، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى سىجىل ئۆستۈردى. شىنجاڭ جۇڭتەي مېتاللورگىيە چەكلىك شىركىتى قاتارلىق بەش كارخانا 2020 ـ يىللىق ئېنېرگىيە ئۈنۈمى بويىچە «باشلامچى» بولۇپ باھالاندى، جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مايتاغ نېفىت ـ خىمىيە شۆبە شىركىتى 2020 ـ يىللىق سۇ ئۈنۈمى بويىچە «باشلامچى» بولۇپ باھالاندى.

## يېشىل تەرەققىيات ئېنېرگىيە تېجەپ سەرپىياتىنى تۆۋەنلەتتى

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، ئاپتونوم رايون ئەنئەنىۋى ياسىمچىلىقنى يېشىللاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىشنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سانائەتتە ئېنېرگىيە تېجەش، سۇ تېجەش، بايلىقتىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ساھەسى قاتارلىق سەككىز يۈنىلىشتىكى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنى نۇقتىلىق قوللىدى.

بۇلتۇر، فۇكاڭ شەھرىگە جايلاشقان نەنفېڭ رىخۇا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كۆمۈرنىڭ ئورنىغا گاز ئىشلىتىش تۈرىنى يولغا قويدى، بۇ يىل قىشتا، پۈتۈن زاۋۇت رايونى پار بىلەن تەمىنلەشتە پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ شىركەت يەنە يېشىل تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ھاسىل بولغان پار ۋە سوۋۇتۇلغان سۇنى يىغىۋېلىپ، يەنە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلەتتى، پۈتۈن يىلدا 3600 كۇب مېتىرغا يېقىن سۇنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، بۇ، كارخانىنىڭ پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي سۇ ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. نەنفېڭ رىخۇا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ تېخنىك خادىمى جاڭ جىگاڭ مۇنداق دېدى: «يىغىۋېلىنغان ئىسسىقلىقنى تۇرۇبا، زاپاس ساقلاش باكى ئىشلەپچىقىرىشتا قوشۇمچە ئىشلەتكىلى بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئېنېرگىيەنى تېجەپلا قالماي، ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ».

2015 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، نەنفېڭ رىخۇا جەمئىي 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىپ يىغىۋېلىش، كېرەكسىز ماتېرىياللارنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك يېشىل تېخنىكا ئۆزگەرتىش ھەم مۇھىت قوغداش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، بۇلار كارخانىنىڭ «ئۈچ كېرەكسىز»نى قويۇپ بەرمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، ھەر يىلى كارخانىغا يەنە 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كىرىم كۆپەيتىپ بەردى.

نەنفېڭ رىخۇا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئاپتونوم رايون يېشىل ئۆزگەرتىشكە مەدەت بەرگەن كارخانىلارنىڭ بىرى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ ياسىمچىلىقتىكى رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى كارخانىلاردا يېشىل ياسىمچىلىق سىستېمىسىنىڭ تولۇقلاشتۇرۇلغان تۈر قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ ۋە يېتەكلەپ، يېشىل ياسىمچىلىق سىستېمىسى ھەل قىلىش لايىھەسى بىلەن تەمىنلەپ، كارخانىلارنىڭ جەمئىي سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقىنىڭ يېشىل ياسىمچىلىق سىستېمىسى تولۇقلاشتۇرۇلغان تۈرىدىن 14كە ئېرىشىشى، دۆلەتنىڭ 239 مىليون 800 مىڭ يۈەن قوللاش مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە مەدەت بېرىپ، دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، كۆپەيتكىلى، ئومۇملاشتۇرغىلى بولىدىغان بىر قاتار يېشىل ياسىمچىلىق ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىي 133 ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارنى مەھسۇلات چىقىرىشتىن سۈپەتلىك ماركا چىقىرىشقا ئۆتىدىغان يېشىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىشقا يېتەكلىدى.

## يېشىل تىپ ئۆزگەرتىش تېز ئالغا سىلجىتىلدى

ھازىر، ئاپتونوم رايون يېشىل لايىھە، يېشىل تېخنىكا ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، يېشىل باشقۇرۇش، يېشىل تەمىنلەش زەنجىرى قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، يېشىل تەرەققىياتنى مەھسۇلاتنىڭ پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىيلىكىگە سىڭدۈرۈپ، مۇھىتقا بولغان تەسىرى ئەڭ ئاز، بايلىق، ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغان، ھەم ئېكولوگىيە ئۈنۈمى ۋە جەمئىيەت ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان سانائەت يېشىل تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، كەسىپ يېشىل مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى بەرپا قىلدى. 2020 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون دۆلەت تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى، گۈللىنىش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا «ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت يېشىل تەرەققىياتىغا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتىنى قوللاش بويىچە يولغا قويۇش لايىھەسى (2020 ـ 2022 ـ يىل)» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى بېسىپ تارقىتىپ، 2 مىليارد 763 مىليون يۈەن قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ، 29 كارخانىنىڭ 34 تۈرىنى قوللاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت يېشىل تەرەققىياتىنى كۈچلۈك پۇل مۇئامىلە تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايون يەنە سانائەت يېشىل تەرەققىيات يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلەتتى، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ساھەلەر، ھەرقايسى كارخانىلار ئورتاق تىرىشىپ، سانائەت يېشىل ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، سانائەتنىڭ يېشىل تىپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭدىكى بىردىنبىر مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى 203 دۆلەت دەرىجىلىك يېشىل زاۋۇت قاتارىغا كىرگەن كانچىلىق كارخانىسى ــ پەيزاۋات ناھىيەسى تۇڭخۇي كانچىلىق كارخانىنى شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۇچۇرلاشقان، رەقەملەشكەن ئاقىل كانچىلىق كارخانىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كۈچەۋاتىدۇ. تۇڭخۇي كانچىلىقى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ «سېمونت ۋە ھاك تاش بىلەن قاتتۇرۇپ تولدۇرۇش» تېخنىكىسىنى رەڭلىك مېتال كانىدا قوللانغان كارخانا بولۇپ، كان داشقاللىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. تۇڭخۇي كانچىلىق شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ جىنبو مۇنداق دېدى: كەلگۈسى بەش يىلدا، شىركەت «قالدۇق كان ئامبىرىدىن سۇ قايتۇرۇشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش تۈرى تەتقىقاتى» قاتارلىق بىر قاتار ئېنېرگىيە تېجەش قۇرۇلۇشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى تۇنجى ئېنېرگىيە باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

«بىز پەن ـ تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، بايلىق سەرپىياتى تۆۋەن، مۇھىت بۇلغىنىشى ئاز بولغان يېشىل ياسىمچىلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات ئىسمائىل مۇنداق دېدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئېنېرگىيە تېجەش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، سۇ تېجەش يېڭى تېخنىكىسى، يېڭى جابدۇقلىرىنى كېڭەيتىش، قوللىنىشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، سانائەتنىڭ يېشىل تىپ ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، سانائەتنىڭ ئېنېرگىيە ئۈنۈمىنى ئۆلچەمگە توغرىلاش، ئېنېرگىيە تېجەشكە دىياگنوز قويۇشنى يولغا قويۇپ، ئايلانما ئىقتىسادنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ھەم سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئېكولوگىيە لايىھەسى بەرپا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، مۇھىت قوغدايدىغان تېخنىكا ۋە جابدۇقلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرى مۇلازىمىتىگە ئېھتىياجلىق.» قوشتاغ بازارلىق مەركىزىي دوختۇرخانىنىڭ ئىجرائىيە دوختۇرخانا باشلىقى ئابلاجان ھۆسەن مۇنداق دېدى: «دوختۇرخانىمىزدا ھازىر بەش جۇڭيى تېبابەتى تېخنىكى بار، يىڭنە سانجىپ داۋالاش، ئۇۋۇلاش، لوڭقا قويۇش قاتارلىق 20 نەچچە تۈرلۈك جۇڭيى تېبابەتى تېخنىكىسى بويىچە جۇڭيى تېبابەتى فىزىكىلىق داۋالاش ئۆيى تەسىس قىلدۇق، ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئەڭ ئاساسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىمكانقەدەر ئاز خىراجەت بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى جۇڭيى تېبابەتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گو ۋېيجياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرى مۇلازىمەت ئىقتىدارى سىجىل ئۆستى، جۇڭيى تېبابەتى بويىچە دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش رايونى(جۇڭيى تېبابەتى سارىيى)دىن جەمئىي 958ى قۇرۇلدى. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 80%تىن ئارتۇق مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، يېزا ـ بازارلىق دوختۇرخانا ۋە 60%تىن ئارتۇق كەنت داۋالاش ئۆيى ئالتە خىلدىن ئارتۇق جۇڭيى تېبابەتى تېخنىكىسى بويىچە داۋالاش ئۇسۇلىنى قانات يايدۇرالايدىغان بولدى، جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرى مۇلازىمىتىنىڭ ئومۇملىشىشى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، تېخىمۇ كۆپ ئامما جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرىنى چۈشەندى، جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرىدىن مەنپەئەتلەندى».

## «ئاستا داۋالايدىغان تېۋىپ» يۇقۇمغا قارشى جەڭدىكى «ئەڭ جىددىي ئاۋانگارت»قا ئايلاندى

گەرچە بارغانسېرى كۆپ كىشى جۇڭيى تېبابەتى بويىچە كېسەل كۆرسىتىشنى، جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرىنى يېيىشنى خالىسىمۇ، لېكىن جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرىنى ھامان «ئاستا داۋا قىلىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ئەمما يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتا، جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئازراقمۇ ئاستا بولمىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسى جۇڭيى تېبابەتى بىلەن غەرب تېبابەتىنى بىرلەشتۈرگەن نەپەس ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ۋىراچى لى فېڭسېن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىگە پۈتۈن جەريان بويىچە قاتناشتى. بۇلتۇر يىل بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا بىر جۈپ ياشانغان ئەر ـ خوتۇننىڭ كېسەللى قايتا ـ قايتا قوزغالدى، لى فېڭسېن جۇڭيى تېبابەتى دورىسى رېتسېپى يېزىپ بەردى، ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئىككىيلەننىڭ كېسەللىك ئەھۋالى مۇقىملىشىپ، ئاخىردا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇ ئۇنىڭ جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا قاتناشتۇرۇش ئىشەنچىنى چىڭىتتى. قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مەزگىلىدە، ئۇ جەمئىي 2000دىن ئارتۇق جۇڭيى تېبابەتى دورىسى رېتسېپى يازدى ھەم جىددىي مەزگىل، ئەسلىگە كېلىش مەزگىلى ھەم ئالدىنى ئېلىش مەزگىلىگە قارىتا ئۇنىۋېرسال رېتسېپتىن ئۈچنى تۈزۈپ بېكىتتى، بۇنىڭ كلىنىكىلىق ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

«كېسەللىك ئالامەتلىرىنى تولۇق كۆزىتىپ توغرا دىياگنوز قويغاندىن كېيىن داۋالاش» جۇڭيى تېبابەتىنىڭ جېنى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئاغرىقلاردا دائىم دەم سىقىلىش، يۈرەك سېلىش، ئاشقازان كۆپۈشتەك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىلىرىدىكى دوختۇر ـ سېسترالار يىڭنە سانجىش، ئەمەن بىلەن داغلاش، ئۇۋۇلاش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتا قوللىنىپ، ئاغرىقلارغا پەللىنى بېسىش تېخنىكىسى ۋە سەككىز بۆلەكلىك گىمناستىكا قاتارلىق سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشقى ئۇسۇللىرىنى قولمۇقول ئۆگىتىپ، ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېزلەتتى.

«كېسەل قوزغىلىش نىسبىتى، ئېغىر كېسەلگە ئۆزگىرىش نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلىتىپ، نۇكلېئىك كىسلاتانىڭ مەنپىيگە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساقىيىش نىسبىتىنى ئۆستۈردى... جۇڭيى تېبابەتى دورىلىرىنىڭ ئىپادىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ماختاشقا ئەرزىيدۇ.» لى فېڭسېن مۇنداق دېدى: «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، جۇڭيى تېبابەتى ھېچقاچان كەم قالمىدى، بەلكى چوڭقۇر قاتناشتۇرۇلۇپ، كەڭ دائىرىدە قوللىنىلدى. جۇڭيى تېبابەتى بىلەن غەرب تېبابەتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلىنىپ، ماسلىشىپ كۈچ چىقىرىلىپ، «1+1>2» بولۇش ئۈنۈمى جارى قىلدۇرۇلدى».

## ۋارىسلىق قىلىنىپ، تالانت ئىگىلىرى يېتىشتۈرۈلدى

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 5 ـ دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ 4 ـ قەۋىتىدىكى دىياگنوز قويۇش ئۆيىدە، ۋاڭ جياپىڭ تومۇر تۇتۇپ كېسەل كۆرۈپ، ئەستايىدىل رېتسېپ يېزىپ، ئاغرىقلارغا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «80 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» جۇڭيى تېبابەتى دوختۇرى ۋاڭ جياپىڭ بۇ دوختۇرخانىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق كەم تېپىلىدىغان مۇتەخەسسىسىگە ئايلاندى.

ياش ماگىستىر يېتەكچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋاڭ جياپىڭ بۇلتۇر بىر ئاسپىرانتنى ۋە «ئۇستاز شاگىرتنى يېتەكلەش» شەكلىدە بىر ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ شاگىرتى جاۋ شىجيې 2014 ـ يىلى بېيجىڭدىكى بىر تېببىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن غەرب تېبابەتى دوختۇرى. «يېرىم يىلدىن بۇيان، مەن مۇئەللىمگە ئەگىشىپ ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرۈپ، ئاغرىق مىساللىرىنى تەھلىل قىلىپ، تاپشۇرۇق ۋە تېمىنى تاماملاپ كۆپ نەپكە ئېرىشتىم» دېدى جاۋ شىجيې.

«جۇڭيى تېبابەتى تەجرىبە پېنى، ئاغزاكى ئۆگىتىش، قېتىرقىنىپ تەلىم بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئەگرى يولنى ئاز مېڭىشقا يېتەكلەيمىز.» ۋاڭ جياپىڭ مۇنداق قارىدى: جۇڭيى تېبابەتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىش ئاچقۇچ، ياش جۇڭيى تېبابەتى دوختۇرلىرى يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشى، بولۇپمۇ «ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش»نى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

«مۇشۇ يىللار شىنجاڭنىڭ جۇڭيى تېبابەتى دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىگەن تەرەققىيات مەزگىلى، شۇنداقلا جۇڭيى تېبابەتى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلى.» مەملىكەت بويىچە داڭلىق جۇڭيى تېبابەتى دوختۇرى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ پىروفېسسورى جوۋ مىڭشىن مۇنداق قارىدى: داڭلىق دوختۇر ئۆزى مۇنەۋۋەر بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر قوشۇننى يېتەكلەپ، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئاغرىققا مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. مۇشۇ يىللاردا ئۇ تەربىيەلىگەن دوكتورئاشتى، دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانت، شاگىرت 74كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمى ئىلىم تايانچلىرى ۋە ئالىي دەرىجىلىك جۇڭيى تېبابەتى دوختۇرى، جۇڭيى تېبابەتى بىلەن غەرب تېبابەتىنى بىرلەشتۈرۈشتىكى ئىختىساسلىقلارغا ئايلاندى.

نۆۋەتتە، مەملىكەت بويىچە داڭلىق جۇڭيى تېبابەتى دوختۇرى جوۋ مىڭشىن ۋارىسلىق قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى ھەم نۇرغۇن جايدا خىزمەت پونكىتى قۇرۇلدى، جوۋ مىڭشىن كوللېكتىپى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز بېرىپ كېسەل كۆرۈپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى جۇڭيى تېبابەتى دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ جۇڭيى تېبابەتى بويىچە دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون جۇڭيى تېبابەتى دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە مەكتەپ مائارىپى، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى تەربىيە، داۋاملىق تەربىيەدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇپ، ئۇستاز مائارىپى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن جۇڭيى تېبابەتى دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلىرىنى ئۆمۈرلۈك تەربىيەلەش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. گو ۋېيجياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاساسىي قاتلام جۇڭيى تېبابەتى دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز جۇڭيى تېبابەتى تۈرى بويىچە يېزىلارغا تېببىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىنى زاكازلىق، نىشانلىق ھالدا ھەقسىز يېتىشتۈرۈپ بېرىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنى باشلاپ، يېزىلارنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان، «تۆۋەنگە چۈشەلەيدىغان، ئىشلەتكىلى بولىدىغان، تۇرۇپ قالىدىغان» بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق جۇڭيى تېبابەتى دورىگەرلىك ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يەر ھوقۇقى تەۋەلىكى، ئائىلە ماجىراسى، ئەل ئىچىدىكى قەرز قاتارلىق زىددىيەت ـ ماجىرالارنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلدى.

سودىيە ئىشخانىسى كورلىدىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلدى. نىيە ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى پۈتۈن ناھىيەدىكى يەتتە يېزا ـ بازار ۋە بىر كوچا باشقارمىسىدا سودىيە ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، ئاممىنى يۈزتۇرا قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى؛ چەرچەن ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 13 يېزا ـ بازاردا سودىيە ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، جەمئىيەتتە زىددىيەت ـ ماجىرالار يۈزبېرىشنىڭ مەنبەدىن ئالدىنى ئالدى ۋە ئۆيى ئازايتتى...

«سودىيە ئىشخانىسى قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتىنى ئىشىكىمىز ئالدىغىچە يەتكۈزۈۋاتىدۇ، ھەقىقەتەن بەك ياخشى بولدى!» 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، كۈچا شەھىرىنىڭ خانىقاتام يېزىسى بازار كەنتىدىكى 70 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ئايشەم ئەمەت سودىيە ئىشخانىسىدىكى ھۆددىگە ئالغۇچى ـ ئالاقىلەشكۈچى سودىيەنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن، ئىككى يىلدىن بۇيان ئالالمىغان قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋالدى.

يېزا ئۆيلۈك يېرىنى ئېلىپ ـ سېتىشقا بولامدۇ ـ يوق، شۇ كەنتتە نوپۇسى يوق، لېكىن شۇ كەنتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار نوپۇسنى يۆتكەپ ئەكىرىشكە بولامدۇ ـ يوق دېگەندەك مەسىلىلەر توغرىسىدا مەسلىھەت سوراشتىن تارتىپ، قوشنىلارنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار سەۋەبىدىن توقۇنۇشۇپ قېلىشى، يېزا قۇرۇلۇشىدا ھوقۇققا چېقىلىش ماجىراسى يۈزبېرىش قاتارلىقلارغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودىيە ئىشخانىلىرىدىكى ھۆددىگە ئالغۇچى ـ ئالاقىلەشكۈچى سودىيەلىرى كۈندىلىك قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇننى چۈشەندۈرۈش، لېكسىيە سۆزلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇن يۈرگۈزۈش مۇرەسسەچىلىرى، كەنت كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەربىر كەنت ئاھالىسىگە سەۋرچانلىق بىلەن قانۇن چۈشەندۈرۈپ، داۋلى چۈشەندۈرۈپ، زىددىيەت ـ ماجىرالارنى شۇ جايىدىلا ھەل قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىختىساسلىقلار بايىنغولىن ئوبلاستىغا كەلگەندىن باشلاپ، 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، خېبېينىڭ ئۈزلۈكسىز ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ مەدەتتى شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشى، تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ھازىر، بايىنغولىن ئوبلاستى تۇپرىقىدا ماڭساق، «خېبېي» نامىدا ئاتالغان دوختۇرخانا، مەكتەپ، ئولتۇراق رايونلارنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ؛ خېبېيدىن شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىرلار شىنجاڭنى ئىككىنچى يۇرتى دەپ بىلىپ، شۇ جايدىكى كادىرلار، ئاممىلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ قول تۇتۇشۇپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، گۈزەل تۇرمۇش ياراتقان مەنزىرىلەرنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇ، «جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش»نىڭ جانلىق كارتىنىسى. خېبېي خەلقىنىڭ قېرىنداشلارچە مېھىر ـ مۇھەببىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، چوڭقۇر مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى قەلبىگە پۈكتى.

قېرىنداشلارچە رىشتە باغلاپ، قېرىنداشلاردەك ئۆتۈش. بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، خېبېي خەلقى باشتىن كەچۈرگەن ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىلار بىۋاسىتە ھېس قىلدى؛ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتى ئۈچۈن، خېبېي خەلقىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى ۋە قۇربان بەرگەنلىكىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىلار يۈكسەك ھۆرمەت بىلدۈردى. گەرچە تاغ ـ دەريالار بىلەن ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما خېبېي خەلقى ئۈچۈن چامىنىڭ يېتىشىچە بىرەر ئىش قىلىپ بېرىش تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بۇ تۈركۈمدىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى ئىچىدىكى 5000 ساندۇقتىن ئارتۇق ناننى بايىنغولىن ئوبلاستى 100 ناۋايىنى تەشكىللەپ، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ ئىككى كۈن ئىچىدە تەييارلىغان.

تونۇر ئوتتەك قىزىق، ئەمما تېخىمۇ قىزغىن بولغىنى تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قەلبى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، قان ـ قېرىنداش ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار قىيىن كۈنلەردە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولساقلا، ئۆتكىلى بولمايدىغان لىيۇشاخې دەرياسى، ھالقىغىلى بولمايدىغان يالقۇنتاغ يوق، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتى ئاپەت ئىچىدىمۇ مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)